# مىسلىسىز جاپالىق تىرىشچانلىق تەستە قولغا كەلگەن نەتىجە

(بېشى 1 - بەتتە)

ۋۇخەن شەھىرى جىنيىنتەن دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرخانا باشلىقى جاڭ دىڭيۈ مۇنداق دېدى: «مەن جەزمەن تېخىمۇ تېز يۈگۈرۈشۈم كېرەك، شۇندىلا ۋىرۇسنىڭ چاڭگىلىدىن تېخىمۇ كۆپ ئاغرىقنى قۇتۇلدۇرالايمەن.» «95 - يىلدىن كېيىن تۇغۇلغان» سېسترا لى خۇي ھايات - ماماتنى قارىماي: «ئەگەر بەختسىزلىككە ئۇچرىسام، جەسىتىمنى ۋىرۇسنى تەتقىق قىلىپ يېڭىش ئۈچۈن تەقدىم قىلىمەن» دېدى. «پولات شۇجى» ۋاڭ جيۇڭ پولات تاختا سېلىنىپ ئۈچ تال پولات مىخ بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلغان ئوڭ پۇتىنى سۆرەپ يۈرۈپ ئۆيمۇئۆي كىرىپ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈردى، كەچ كىرگۈچە ئۇنىڭ پۇتى تىزىدىن ئۇششۇقغىچە ئىششىپ كېتەتتى. خەۋپ - خەتەر، قىيىنچىلىق ئالدىدا، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتتى، ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەر كېچە - كۈندۈزلەپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلدى، ئازادلىق ئارمىيە كوماندىر - جەڭچىلىرى ئېغىر يۈكنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە ئالدى، مەھەللە خىزمەتچىلىرى بىرىنچى سەپتە چىڭ تۇردى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرى ئىش ئورنىدا چىڭ تۇردى، مۇھىت تازىلىق ئىشچىلىرى خەۋپ - خەتەردىن ئۆزىنى قاچۇرمىدى، ترانسپورت خادىملىرى كېچە - كۈندۈز يول يۈردى، تاماق تۇشۇغۇچىلار تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ يۈردى، پىدائىيلار چامىنىڭ يېتىشىچە تىرىشتى... ھېچكىم چەتتە قاراپ تۇرمىدى، بارلىق كىشىلەر كۈچىنى ئايىمىدى، پۈتۈن كۈچىنى بېغىشلىدى، بەزىلەر ھەتتا بۇنىڭ ئۈچۈن قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. بىز 4600دىن ئارتۇق قېرىنداشىمىزنىڭ بەختكە قارشى قازا قىلغانلىقىنى، بىر تۈركۈم تېببىي خادىملار، كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، مەھەللە خىزمەتچىلىرىنىڭ خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغانلىقىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالالماي بولمايدۇ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ۋۇخەندىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قايتۇرغان جاۋاب خېتىدە مۇنداق يازدى: يۇقۇم «بىزگە جۇڭگولۇقلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ تەرىپىنى، جۈملىدىن، سىلەرنىڭ چىدامىلىق، مېھىر - شەپقەتلىك ۋە باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان روھىڭلارنى نامايان قىلىپ بەردى». «رەھمەت سىزگە، ھەربىر ئاددىي جۇڭگولۇق»، بۇ، دۇنيا كىشىلىرىنىڭ چىن قەلبىدىن چىققان يۈرەك ساداسى.

خۇددى ماركس ئىلگىرى كۆرسەتكەندەك، ئەگەر كۈرەش ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق بولغان مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتى شارائىتىدا ئاندىن باشلىنىپ ئېلىپ بېرىلسا، ئۇنداقتا دۇنيا تارىخىنى يارىتىش ناھايىتى ئاسانغا توختىغان بولاتتى. نامەلۇم ۋىرۇس ئىنسانىيەتكە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاندا، جۇڭگو خەلقى ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ يەنە بىزنىڭ ھەربىر قەدەم ئىلگىرىلىشىمىزنىڭ ئىنتايىن تەس بولىدىغانلىقىدىن، دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىن ھالقىپ كېتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. لېكىن پەقەت جاپا - مۇشەققەتتىكە دۇچ كەلگەندە، باتۇرلۇق - قەيسەرلىك ئاندىن تېخىمۇ نامايان بولىدۇ؛ پەقەت چىن نىيەت بىلەن قىلىنغان ئىش ئاندىن تېخىمۇ قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇستىن ئىبارەت ئىنسانلارنىڭ بۇ ھېيلىگەر «كۆشەندىسى» ئالدىدا، تارقىلىش سۈرئىتى ئىنتايىن تېز، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قىيىنلىق دەرىجىسى ئىنتايىن زور بولغان ئېغىر يۇقۇم ئالدىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەرقايسى سەپتىكىلەر بۇيرۇقنى ئاڭلىغان ھامان ھەرىكەتكە كېلىپ، قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەپ، بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلدى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي، شەخسىيەتسىز ئۆزىنى بېغىشلاپ، بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتا يۇقۇمنىڭ يامراش ۋەزىيىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە توستى، ئىككى ئاي ئەتراپىدىكى ۋاقىتتا يەرلىكتە كۈنگە يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاغرىق مىسالىنى بىر خانىلىق سان ئىچىدە تىزگىنلىدى، ئۈچ ئاي ئەتراپىدىكى ۋاقىتتا ۋۇخەننى قوغداش جېڭى، خۇبېينى قوغداش جېڭىدە ھەل قىلغۇچ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «بىزگە ئوخشاش 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇسقا ئىگە مۇشۇنداق چوڭ دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنداق نەتىجە ئاسان قولغا كەلمىدى!» بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى گۇتېررېس مۇنداق تەرىپلىدى: جۇڭگو يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسنىڭ تارقىلىشىنى توسۇشتا «قالتىس» تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

پۈتۈن يەر شارى بويىچە 23 ئىقتىسادىي گەۋدىدىكى 12 مىڭ 500 ئادەم ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر تۈرلۈك توردا تەكشۈرۈشتە كۆرسىتىلىشىچە، جۇڭگو ئاممىسىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشقا بولغان رازىمەنلىك دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان، 85% جۇڭگولۇق زىيارەت قىلىنغۇچى جۇڭگو يۇقۇم ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن تېخىمۇ قۇدرەتلىك بولىدۇ دەپ قارىغان. بۇ مەيدان مىسلىسىز جاپالىق يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشى بىزگە چوڭقۇر ئىلھام بەردى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولسا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكى بولسا، كۈچلۈك سەپەرۋەرلىك ئىقتىدارى ۋە كۈچلۈك ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچى بولسا، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى بولسا، بىز چوقۇم ئىلگىرىلەش يولىمىزدىكى بارلىق جاپا - مۇشەققەت، خەۋپ - خەتەر، توسالغۇلارنى يېڭىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە غەلىبىدىن يېڭى غەلىبىگە قاراپ ماڭالايمىز.

بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى پىلانلاش، ئورۇنلاشتۇرۇشتەك مۇھىم بۇرچنى زىممىسىگە ئالغان مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن ئېچىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تاماملاپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلايلى!

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى)

---

(بېشى 1 - بەتتە)

خاراكتېرلىك تاللاش چىقاردى: «ھاياتلىق ھەممىدىن ئەلا» ئارقىلىق ھەممىنىڭ قەلبىنى مۇجەسسەملىدى، پۈتۈن دۆلەتنىڭ كۈچىنى توپلاش ئارقىلىق ئېغىر، زور يۇقۇم بىلەن ئېلىشتى، «ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى» ئارقىلىق ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يەڭدى.

قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىش ۋە غايەت زور قۇربان بېرىشنى باشتىن كەچۈرۈپ، جۇڭگو ۋىرۇسنىڭ تارقىلىشىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، يەر شارىۋى «يۇقۇم»غا تاقابىل تۇرۇش جېڭى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭقۇر قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: «بۇ قېتىمقى يۇقۇم دۆلىتىمىزنىڭ ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىقتىدارىغا بولغان بىر قېتىملىق چوڭ سىناق، بىز چوقۇم تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك».

چوڭ سىناق ئالدىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ سىياسىي خىسلىتى كىشىلەرنى تەسىرلەندۈردى.

چوڭ سىناق ئالدىدا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى تېخىمۇ گەۋدىلەندى.

چوڭ سىناق ئالدىدا، يۇقىرى - تۆۋەن بىر نىيەتتە بولۇشتەك قۇدرەتلىك كۈچ توسالغۇسىز بولدى.

چوڭ سىناق خۇددى ئەينەكتەك ئەۋزەللىكلەرنى يورۇتتى، شۇنداقلا كەمتۈكلۈكلەرنى ئاشكارىلىدى.

«يۇقۇم»غا تاقابىل تۇرۇش جېڭىدە تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش، ئەبەدىي ئەمىنلىكنى كۆزلەش دەل دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشتا بولۇشقا تېگىشلىك مەزمۇن.

چوڭ جەڭدىن تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلىگەندە، چوڭ سىناقتىن ئەقىل - پاراسەت، كۈچ - قۇدرەت قوبۇل قىلغاندا، جۇڭخۇا مىللىتى چوقۇم خەۋپ - خەتەرنى بىخەتەرلىككە ئايلاندۇرۇپ، كىرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇپ، بوران - چاپقۇندا توسالغۇسىز ئىلگىرىلىيەلەيدۇ!

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۈچىنچىدىن، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئېلاستىكلىقى ۋە يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش؛ كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسەتنىڭ بىرىكمە كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، توسۇق نۇقتىلارنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئۈزۈك نۇقتىلارنى تۇتاشتۇرۇپ، كارخانىلار دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق، مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا، ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش؛ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ تىرەكلىك، يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىلغار ياسىمىچىلىق قاتارلىق ئەمەلىي ئىقتىسادنى ئەلالاشتۇرۇشقا، كۈچەيتىشكە تۈرتكە بولۇش؛ نۇقتىلىق ساھەلەر ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىجادچانلىقىنى ئۇرغۇتۇش؛ كەسىپ ئاساسىنى قايتا يارىتىش ۋە كەسىپ زەنجىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، ئەنئەنىۋى كەسىپ ۋە ئەۋزەل كەسىپلەرنى مۇستەھكەملەش، يەنىمۇ كۈچەيتىش؛ كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ سودىگەر، مەبلەغ جەلپ قىلىپ، مۇھىم، زور تۈر سېلىنمىسىنىڭ تۈرتكىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تور ۋە تور سىرتىدىكى ئىستېمالنىڭ تېخىمۇ زور تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، «ئالتە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى ئالغا سىلجىتىپ، ۋۇشۇسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى قاتتىق تۇتۇپ، كەمتۈكلۈك، ئاجىز تۈرلەرنى تولۇقلاپ، باشقا جايغا كۆچۈرۈپ داۋاملىق يۆلەشنى كۈچەيتىپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئىشقا ئورۇنلىششقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىش، ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش - يۆلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، نامراتلىقتىن ئومۇميۈزلۈك قۇتۇلدۇرۇش بىلەن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك جىپسىلىشىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش سالمىقىنى سىجىل ئاشۇرۇش كېرەك. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ئىستراتېگىيەسى ۋە ئاكتىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى كۈچەپ ياخشى ھەل قىلىپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، ئاساسنى پۇختىلاپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، خاس ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىدە تەرەققىياتنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولۇپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزا ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ۋە ئاممىۋى مۇلازىمىتىنى ياخشىلاشنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېز ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىدە مول ھوسۇل ئېلىش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى سىجىل ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

يەتتىنچىدىن، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يېشىل تەرەققىياتقا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇش كېرەك. «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، قار - مۇزلۇقنىڭ ئۆزىمۇ بىر بايلىق» دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، تاغ، دەريا، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاقنى سىستېمىلىق تۈزەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، كۆك ئاسمان، سۈزۈك سۇ، پاكىز تۇپراقنى قوغداش جېڭىنى سىجىل ياخشى قىلىپ، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىشنى تېزلىتىپ، تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېشىل تەرەققىيات ئۇسۇلى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى شەكىللەندۈرۈشكە يېتەكلەپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، تىرىشىپ ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

سەككىزىنچىدىن، تىرىشىپ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، تارىخىي مەدەنىيەت، قىزىل مەدەنىيەت بايلىقىنى ياخشى قېزىپ، ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى پائال يېتىلدۈرۈپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئەخلاق - پەزىلىتىنى يۈكسەلدۈرۈش، ياخشى كەيپىيات تىكلەش، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلەش كېرەك.

توققۇزىنچىدىن، ئىزچىل، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش كېرەك. سىياسىي قۇرۇلۇشنى باشلامچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تەلىپىنى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ۋە پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى ئاڭلىق ئادا قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىدىكى نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىستىل قۇرۇلۇشىنى ئىزچىل كۈچەيتىپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى زور كۈچ بىلەن تۈزەپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى ھەققىي يېنىكلىتىپ، تېخىمۇ ئەمەلىي ئىستىل ئارقىلىق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئونىنچىدىن، ئاگاھ سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك. دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەپ، ئۇنىۋېرسال تەدبىر قوللىنىپ، ئۈنۈملۈك بولغان مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىدە تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى يەنىمۇ بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

تېخىمۇ زور ئىرادە، تېخىمۇ كۈچلۈك سالماق بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇش كېرەك. ۋۇشۇسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئېغىر نامراتلىق قورغىنىنى قەتئىي ھۇجۇم قىلىپ ئېلىپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مۇقىم ئىش ئورنىدا ئىشقا ئورۇنلىششىغا ياردەم بېرىپ، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خاس كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، يېڭىدىن نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ھەققىي ئالدىنى ئېلىپ، بىرىكمە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، نىشانلىق ياردەم بېرىش، يۆلەش خىزمىتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى خۇلاسىلەش، تەشۋىق قىلىشنى ياخشى ئىشلەپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا ئېغىر نامراتلىقنى تۈگىتىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، دۆلەتنىڭ مىنىستىرلىق، كومىتېتلىرى، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر ھەم جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەلەرنىڭ شەخسىيەتسىز ياردىمى ۋە زور كۈچ بىلەن قوللىشى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى كۈچلۈك تىرەك ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلىدى. ھازىر نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئىستىھكامنى ئالىدىغان ئاچقۇچلۇق تۈگۈن نۇقتىسىغا كەلدى، بىز شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ پايدىسىز تەسىرىنى پائال تۈگىتىپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى ئۈنۈملۈك مۇجەسسەملەپ، نامراتلارنى كەڭ كۆلەمدە يۆلەش ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئېغىر نامراتلىقنى تۈگىتىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە قېپقالغان ئون نامرات ناھىيەنىڭ ھەممىسىنىڭ قالپىقىنى ئېلىۋېتىپ، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

يىغىندا، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئون ئۆلكە، شەھەر ياردەم بېرىلىۋاتقان ۋىلايەت، ئوبلاست بىلەن 2020 - يىللىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش - يۆلەش كېلىشىمى ئىمزالىدى. دۆلەت سۇچىلىق مىنىستىرلىقى، دۆلەت يېزا ئىگىلىكى - يېزا مىنىستىرلىقىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى. جېجياڭ ئۆلكىسى، تيەنجىن شەھىرى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار، جۇڭگو جەنۇب ئاۋىياتسىيە گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو ئاشلىق گۇرۇھى، شىنجاڭدىكى جېجياڭ كارخانىلىرى بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى)، شىنجاڭ مېيفەن خۇئابىر ئىلمە توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ ۋەكىللىرى پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

شىنجاڭغا نۇقتا بويىچە ياردەم بېرىۋاتقان - يۆلەۋاتقان مەركەزدىكى ئورۇنلار، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر ھەم ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ۋۇ شەنجۇڭ، فېڭ فېي، لى شۇچى، ئەركىن تۇنىياز، بادەي، جاڭ بو، ما شيۇڭچېڭ يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىن مەزگىلىدە، يىغىنغا قاتناشقانلار يەنە خوتەن ناھىيەسى، قاراقاش ناھىيەسىگە بېرىپ كۆزدىن كەچۈردى، پىكىر ئالماشتۇردى.

---

(بېشى 3 - بەتتە)

(32) كەسىپلەر سىياسىتى. پاسسىپ تىزىملىك بىلەن رىغبەتلەندۈرۈش تۈرىدىكى كەسىپلەر مۇندەرىجىسى بىرلەشتۈرۈلگەن كەسىپلەر سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، سىياسەتنىڭ دەللىكى ۋە ئىنچىكىلىك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن بازار ئىجازىتى پاسسىپ تىزىملىكىنى ئىجرا قىلىش ئاساسىدا، غەربىي قىسىم رايونلاردىكى رىغبەتلەندۈرۈش تۈرىدىكى كەسىپلەر مۇندەرىجىسىنى ھەرىكەتچان تەڭشەپ، تۈرگە ئايرىپ باھالاش سىياسىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش كېرەك. ئوتتۇرا، غەربىي قىسىم رايونلاردىكى چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالىدىغان ئەۋزەل كەسىپلەر مۇندەرىجىسىگە مۇۋاپىق پەيتتە تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھەم ھەرىكەت ھالىتىدە تەڭشەش كېرەك. كەسىپلەرنىڭ يۆتكىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش سىياسىتىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەسىپلەرنىڭ يۆتكىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش مۇندەرىجىسىنى مۇۋاپىق پەيتتە يېڭىلاش كېرەك. مەركەز مالىيەسىنىڭ غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ تەبىئىي بايلىقنى تەكشۈرۈشى، باھالىشىنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تەبىئىي بايلىق تەكشۈرۈش پىلانىدا غەربىي قىسىم رايونلاردىكى تۈرلەرنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. ئومۇمەن، غەربىي قىسىم رايونلاردا شۇ جاينىڭ ئۆزىدە پىششىقلاش، ئايلاندۇرۇش شارائىتى بار ئېنېرگىيە، بايلىق ئېچىش، پايدىلىنىش تۈرلىرىنى شۇ جايدا ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇش، قۇرۇشنى قوللاش ھەم ئالدىن تەكشۈرۈپ تەستىقلاش كېرەك. يېڭىدىن غەربىي قىسىم رايونلاردا تەسىس قىلىنغان مەركەز كارخانىلىرى ھەم ئۇلارنىڭ شۆبە - تارماق ئاپپاراتلىرىنىڭ شۇ جايدا رويخەتكە ئالدۇرۇلۇشىغا ئىلھام بېرىش كېرەك. ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققى نىسبىتىنى مۇۋاپىق تۆۋەنلىتىپ، ئومۇمىي جەھەتتىن كارخانىلارنىڭ يۈكىنى ئاشۇرماسلىققا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(33) يەر ئىشلىتىش سىياسىتى. يەرلىك يەر ئىشلىتىش سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن قۇرۇلۇش يېرى كۆرسەتكۈچىنى غەربىي قىسىم رايونلارغا يەنىمۇ مايىللاشتۇرۇپ، قاقاس تاغ، قۇملۇق، چۆللۈك قاتارلىق ئىشلىتىلمىگەن يەرلەرنى ئېچىش قۇرۇلۇشى كۆرسەتكۈچىنى مۇۋاپىق ئاشۇرۇش كېرەك. ئۇل ئەسلىھە ساھەسىدىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش تۈرلىرىگە يەر ئىشلىتىش كاپالىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ ئېچىۋېتىش سۇپىسى قۇرۇلۇشىنى قوللاپ، دۆلەت دەرىجىلىك يېڭى رايون، تەرەققىيات رايونلىرىنىڭ چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش تۈرلىرى ھەممە نۇقتىلىق ئېچىش - ئېچىۋېتىش سىناق رايونلىرى، چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونلىرى، چېگرا ھالقىغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونلىرىنىڭ كەسىپ تەرەققىياتىدا ئېھتىياجلىق بولغان قۇرۇلۇش يېرىگە قارىتا پىلان - كۆرسەتكۈچ ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە مايىللاشتۇرۇپ قوللاش كېرەك. تېرىلغۇ يەر كۆرسەتكۈچى ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان يەر كۆرسەتكۈچىنى دۆلەتنىڭ بىرتۇتاش باشقۇرۇشىدا ئۆلكە، رايون ھالقىپ تەڭشەشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

(34) ئىختىساسلىقلار سىياسىتى. سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان غەربىي قىسىم رايونلار يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان كەسپلەشكەن ئىختىساسلىقلارنى تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىختىساسلىقلارنى جەلپ قىلىش، رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئېلىپ قېلىشقا پايدىلىق تۈزۈلمە مېخانىزمىنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. مائاش - تەمىنات جەھەتتە مايىللىشىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەسپىي ئورۇنلار ئىسلاھاتىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردىكى خادىملار، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلامدىكى مەمۇرلار، ئوقۇتقۇچىلار، تېببىي خادىملار، پەن - تېخنىكا خادىملىرى قاتارلىقلارنى غەربىي قىسىمدا يىلتىز تارتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، يېتەكلەش كېرەك. شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان كارخانىلارنى پاي ھوقۇقى ئارقىلىق رىغبەتلەندۈرۈش، پايدا تەقسىملەش قاتارلىق ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك رىغبەتلەندۈرۈشنى يولغا قويۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلاردىكى كەسپىي تېخنىكا ۋە باشقۇرغۇچى ئىختىساسلىقلارنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە غەربىي قىسىم رايونلاردا قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتۈشى ھەم قانۇنلۇق ھەق ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىش كېرەك. پېنسىيەگە چىققان ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە غەربىي قىسىم رايونلاردا ئىگىلىك تىكلىشىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ.

(35) ياردەم بېرىش - يۆلەش سىياسىتى. شىنجاڭغا، شىزاڭغا ۋە چىڭخەي قاتارلىق ئۆلكىلەردىكى زاڭزۇلار رايونىغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ھەممىدە گۈيجوۋغا نىشانلىق ياردەم بېرىش - يۆلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك. مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى ھەم كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار قاتارلىقلار نۇقتا بەلگىلەپ ياردەم بېرىش - يۆلەشنى داۋاملىق يولغا قويۇشى كېرەك. ئارمىيەنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، غەربىي قىسىمنى كەڭ ئېچىشقا پائال قاتنىشىشنى قوللاش كېرەك. بىرلىك سەپنىڭ بىجيې سىناق رايونىنىڭ ئىسلاھات - تەرەققىياتىنى داۋاملىق قوللىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. شەرقىي، ئوتتۇرا قىسىمدىكى شەھەرلەرنى چېگرا شەھەرلەرگە ياردەم بېرىپ، جىددىي ئېھتىياجلىق باشقۇرۇش ۋە تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنى نىشانلىق تەربىيەلەپ بېرىشكە ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. كارخانىلارنى نامرات ناھىيە (كەنت)لەرگە قوشماقلىشىپ ياردەم بېرىپ - يۆلەشكە ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، شەرقىي قىسىم رايونلاردىكى مۇنەۋۋەر كادىرلارنى غەربىي قىسىم رايونلارغا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا ئەۋەتىشكە يەنىمۇ تۈرتكە بولۇپ، غەربىي قىسىم رايونلاردا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان مۇنەۋۋەر كادىرلارنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مەمۇرلارنى نىشانلىق تەربىيەلەش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش كېرەك.

(36) تەشكىلىي كاپالەت. پارتىيەنىڭ غەربىي قىسىمنى كەڭ ئېچىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ غەربىي قىسىمنى كەڭ ئېچىشتا يېڭى ئەندىزە شەكىللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش مۇساپىسىدىكى رەھبەرلىك رولىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيە تەشكىلاتىدىكى رەھبەرلىكتىكى تەشكىلىي سىستېمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ تەشكىللەش كۈچىنى كۈچەيتىپ ئۆستۈرۈپ، كەڭ پارتىيەلىك كادىرلارنى غەربىي قىسىمنى كەڭ ئېچىشتا ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەش كېرەك. كادىرلارنى مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ئىجادىي ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. گوۋۇيۈەن غەربىي قىسىم رايونلارنى ئېچىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بىرتۇتاش پىلانلاپ يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى ئەزا ئورۇنلار ۋە ئالاقىدار تارماقلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، زىچ ماسلىشىپ، ئورتاق ھەمكارلىشىپ، ياندىش سىياسەت تەدبىرلىرىنى تۈزۈش ھەم ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى گوۋۇيۈەن غەربىي قىسىمنى ئېچىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ھەققىي ئۈستىگە ئېلىپ، سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى مۇۋاپىق پەيتتە باھالاپ، تەكشۈرۈشنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. غەربىي قىسىم رايونلاردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ھەققىي ئۈستىگە ئېلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، بۇ پىكىرنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەڭ كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇشى كېرەك. ئاساسىي قاتلامنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان شەكىلۋازلىق مەسىلىسىنى ھەققىي ھەل قىلىپ، غەربىي قىسىم رايونلاردىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تېخىمۇ كۆپ زېھنىنى ئاجرىتىپ ئەمەلىي ئىش قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. شەرقىي، ئوتتۇرا قىسىم رايونلار ھەم جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەر غەربىي قىسىمنى كەڭ ئېچىشقا داۋاملىق مەدەت بېرىشى ۋە قاتنىشىشى كېرەك.

ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ، رايونلار ماس تەرەققىياتنىڭ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك يېڭى مېخانىزمىنى تېزدىن ئورنىتىپ، تېخىمۇ زور سالماق، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق، غەربىي قىسىمنى كەڭ ئېچىش يېڭى ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشى كېرەك.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى)

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)